دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# تۇنجى مۇھەببەت

1

مۇستاپا ئەمىن ( مىسىر )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇستاپا ئەمىن ( مىسىر )

# تۇنجى مۇھەببەت

## 1

تەرجىمە قىلغۇچى : راخمان مامۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

初恋岁月：维吾尔文/(埃及) 穆斯塔法·阿明著；热合曼·马木提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，1988.8 (2008.12 重印)
ISBN 978—7—228—00694—6

Ⅰ.初… Ⅱ.①穆…②热… Ⅲ.长篇小说—埃及—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I411.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 181168 号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔·依布拉音,阿依古丽·沙比提 |
| 特约校对 | 阿布里孜·阿巴斯 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 32.625 |
| 版　　次 | 1988 年 8 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 12 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 册 |
| 定　　价 | (上、下) 75.00 元 |

ئەھمەد يەھيا :

مۇستاپا ئەمىننىڭ بۇ ئەسىرى ئېلىمىز ياشلىرىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىدىكى مىسىر سىياسىي ساھەسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدىغان ئەسەر . ياش ئوقۇرمەنلەر شۇ دەۋردىكى سىياسەت سىرىنى تۈنجى قېتىم ھېكايە شەكلى ئارقىلىق چۈشەندى .

بۇ ھېكايىگە مۇھەببەت ، كۈرەش ، ئازاب ۋە شادلىق ئارىلاشقان . ئاپتورنىڭ قەلىمى خۇددى فوتوئاپپاراتتەك ، مىسىرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئەينەن سۈرەتلىگەن ، تەييارتاپ بايلار بىلەن ھېچنېمىسى يوق نامراتلار ، ھوقۇقدارلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

ئوتتۇرا شەرق رادىئو ئىستانسىسى بۇ ئەسەرنى رامىزان ئېيىدا رادىئودا ئوقۇغاندا ، مىسىر بىلەن ئەرەب دۇنياسىدىكى مىليونلىغان ئادەمنى كۈچلۈك جەلپ قىلغان . ھەربىر ئاتا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ، ھەربىر بالا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولغان .

# تەرجىماندىن

مۇستاپا ئەمىن 1914 ـ يىلى تۇغۇلغان، مىسىر ئاخباراتچىلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى. ئۇنىڭ دادىسى مىسىرنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولغان، ئاپىسى بولسا مىسىرنىڭ مىللىي داھىيسى، ئەل ـ ۋەفد پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئد زۇغلۇلنىڭ بېقىۋالغان قىزى. مۇستاپا ئەمىن ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇپ، گېئورگېتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي ئىنستىتۇتىدا باكالاۋرلىق ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 30 ـ يىللاردىن تارتىپ مىسىرنىڭ گېزىتچىلىك ساھەسىدە ئىشلەپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «ئارزۇ»، «لوس يۇسۇف» ژۇرناللىرىدا مۇھەررىر، «ئاخىرقى سائەت بىر»، «دۈشەنبە» نامىلىق ھەپتىلىك ژۇرناللاردا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، باش مۇھەررىر، «ئەلئېھرام گېزىتى» نىڭ خەۋەرلەر بېتىگە باش مۇھەررىر بولغان. 1944 ـ يىلى ئىنىسى ئەلى ئەمىن بىلەن بىللە «بۇگۈنكى خەۋەر گېزىتى» نى چىقارغان. كېيىن يەنە «ئاخىرقى سائەت بىر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى، «ئەڭ يېڭى پەيت» ژۇرنىلىنى، «خەۋەرلەر گېزىتى» نى ۋە «يېڭى ئەۋلاد» ژۇرنىلىنى چىقارغان. ئۇ بىر ئۆمۈر گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىسىر ئاخباراتچىلىرىنىڭ «مەنىۋى ئاتىسى» دېگەن شۆھرەتكە سازاۋەر بولغان.

مۇستاپا ئەمىن بەدىئىي ئەسەر، ئوبزور، خەت ـ چەكلەر بولۇپ نۇرغۇن ئەسەر يازغان، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن مىسىرنىڭ سىياسىي ھاياتى بىلەن باغلانغان. ئۇ نۇرغۇن رومانلىرىنى 1974 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يازغان. مەسىلەن، «تۈرمىدە»، «ياق…» «ھەييام خېنىم»، «مۇھەببەت



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

شاھى جانابلىرى» ، «بىردىن ئۇنغىچە» قاتارلىقلار . بۇ ئەسەرلەر ئالدى بىلەن «بوْگوْنكى خەۋەرلەر گېزىتى» دە ئۇلاپ ئېلان قىلىنىپ ، ئاندىن كىتاب بولۇپ چىققان .

«تۇنجى مۇھەببەت» 1975 - يىلى ئېلان قىلىنغان ، ئوقۇرمەنلەر ، بولۇپمۇ ياش ئوقۇرمەنلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر ئەسەر . ئەسەر ئېلان قىلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن سىنارىيىلەشتۈرۈلگەن . ئەسەردىكى باش قەھرىمان مۇھەممەد نامرات بىر ئىشچىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، پۇتبولغا ئۇستا ، دەرستە ئالدىنقى قاتاردا بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىنىپ ھەقسىز ئوقۇيدۇ . سىنىپتا ئۇ ساۋاقداشلىرىغا مۇھەببەت خەتلىرىنى يېزىپ بېرىپ يۈرۈپ ، سابىق ئوردا ۋەزىرىنىڭ قىزى نەجۋى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ . ئاخىرىدا نەجۋىنىڭ مۇھەببەت تەلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ ۋە ھەرقانداق مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمايدۇ . ئاخىر ئۇ ئىلاج قىلالماي ، ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ خىزمەت ئىزدەيدۇ . ئەل - ۋەفد پارتىيىسى بىلەن سىدقى پاشا ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ئەل - ۋەفد پارتىيىسىگە ياردەم بېرىپ ، گېزىتخانىغا مۇخبىرلىققا كىرىدۇ . مۇھەممەدنىڭ دادىسى ئىش تاشلاشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ، ئەكسىيەتچى ساقچىلاردىن قاتتىق تاياق يەپ نېرۋىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . مۇھەممەد دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئەۋنىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا ، ئەۋنىنىڭ نامرات ئائىلىدىن ئالغان خوتۇنى زۇبەيدە بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ ، ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ، زۇبەيدە بىلەن نەجۋىنىڭ مۇھەممەدنى تالىشىش زىددىيىتى ئىنتايىن ئۆتكۈر تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ . نەجۋى ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىگە تۈرلۈك ئاماللار بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، ئاخىر مۇھەممەدنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ .

مۇستاپا ئەمىننىڭ كۆزقاراشلىرى ناھايىتى روشەن، تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك. ئۇ مۇھەممەد، زۇبەيدە، نۇھاس، سەمىھە قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى تۇرمۇش پۇرىقى ئەڭ قويۇق مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ياراتقان ۋە شۇ مۇھىت ئىچىدە تەرەققىي قىلدۇرغان، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىيات پائالىيەتلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكە سۈرەتلىگەن. ئاپتور شۇ چاغدىكى جەمئىيەت بىلەن پىششىق تونۇش بولغاچقا، قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلارنى چۈشەنگەچكە، پادىشاھ، باش ۋەزىر، ۋەزىر، چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق كونسۇل ھەتتا پاھىشىخانىلارنىڭ ئىگىلىرىگە ئوخشاش سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرلىرىنىمۇ ناھايىتى روشەن ۋە رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەن.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش: ئەسەردىكى سىياسىي ئەربابلار، مەسىلەن، باش ۋەزىر سىدقى پاشا، رەئىس نۇھاس، دوكتور ئەھمەد ماھىرلار ئەمەلىيەتتە بار ئادەملەر، مىسىر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تاجى ئاتالغان شەۋقى بىلەن «شەرق چولپىنى» ئۇممۇگۈلسۈملەرمۇ مىسىر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ۋە سەنئەت تارىخىدا نامى بار ئادەملەر. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى، خۇسۇسىي ئىشلىرىمۇ، روشەنكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ.

سەئىدىيە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسى شەيخ ئەبدۇررەئۇپ سىنىپقا ناھايىتى ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن خۇشياقمىغاندەك تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. بىراق، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمىدى ياكى مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەندە ئورنىدىن قوزغالمايدىغان ئوقۇغۇچىلارغا تەگكۈزۈپ ئېيتىدىغان:

ھۆرمەتلىگىن ئۇستازىڭنى چىن كۆڭلۈڭدىن،
بىلىپ ئۇنى پەرىشتە، تۇر ئورنۇڭدىن.

دەيدىغان ئىككى مىسرا شېئىرنىمۇ ئوقۇمىدى.

ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىگە قاراپ كۆزلىرىنى قىسىشىپ قويدى، بەزىلىرى بوش پىچىرلاپ:

— مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى خوتۇنى شەيخنى تازا دومبالىغان ئوخشايدۇ، — دېيىشتى.

شەيخ ئەبدۇررەئۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى مۇنبەرگە ئاچچىق بىلەن تاشلاپ، ئىچىدىن بىر دەپتەرنى سۇغۇرۇۋالدى، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا مەنسىتمىگەن نەزەردە قاراپ قويدى. شۇ ئارىدا ئۇ خۇددى بېشىغا بازغان بىلەن ئۇرغاندەك دەلدەڭلەپ كەتتى. شۇ دەلدەڭلەش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بېشىغا قوندۇرۇۋالغان ئاق سەللىسى، خۇددى لاچىنىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزلىرىگە تاقىۋالغان قارا رامكىلىق كۆزەينىكى، قېلىن كالپۇكلىرى ئۈستىدىكى بۇرۇتى، ئۈستىدىكى ئۇزۇن پەرىجىلىرىگىچە تىترەپ كەتتى، ھەممىدىن بەكرەك تىترەپ كەتكىنى قورسىقى بولدى.

بەشىنچى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى جۇغراپىيە دەرسىنى ئوقۇپ، يەرنىڭ قاتتىق سىلكىنىشىنىڭ يەر تەۋرەش ئىكەنلىكىنى

بىلگەن، يەر تەۋرەشنىڭ يالقۇن تاغلارنىڭ ئېتىلىشىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسا، دېمەك، ئۇلار شەيخ ئەبدۇررەئۇپنىڭ بۈگۈنكى جالاقلاپ تىترىشىنىڭ چوڭ بىر بالايىئاپەتتىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئوقۇغۇچىلار ئەبدۇررەئۇپنىڭ ئۆيىدە ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۇ دۇنياغا كەتمىگەنلىكىنى، ئاپىسى، خوتۇنى ۋە قىزىنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈپ كەتكىنى پەقەت ئەرەب تىلىلا ئىكەنلىكىنى ئۇققاندا ئاندىن يەڭگىل تىنىشتى.

شەيخ ئەبدۇررەئۇپ ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئەرەب تىلى ئۈچۈن ھازا ئېچىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى «ئەلئېھرام گېزىتى»نىڭ قايغۇلۇق خەۋەرلەر بېتىدە بىرەر يېقىن ئاغىنىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئوقۇغان ئادەمگە ئوخشايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمىنىڭ سىرداش دوستىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ دەل ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

شەيخ ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرگەن چاغدا، ئەرەب تىلىنىڭ قانغا مىلەنگەن ھالدا كۆز ئالدىدا ئۆلۈك ياتقانلىقىنى، ئەرەب تىلىنىڭ چوڭ يوللاردا، خالتا كوچىلاردا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، پىچاق تاق ئۇنىڭ گەجگىسىگە تەگكەنلىكىنى سۆزلەپ كەتتى.

ئەبدۇررەئۇپ يىغلامسىراپ سۆزلەيتتى، قولىدىكى دەپتەرنى ھەدەپ پۇلاڭلىتاتتى، ئاۋازى تۇرۇپ تىترەيتتى، تۇرۇپ ھاياجاندىن ئۆرلەپ كېتەتتى، ئاخىر ئۇ مەرسىيە ئوقۇشتىن ئۆچ ئېلىش باسقۇچىغا كۆچتى. ئەڭ ئاخىردا خۇددى جىنايى ئىشلار سوتىغا ئەرز سۇنغان باش تەپتىشتەك قاتىللار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، قاتىللار بىلەن قاراقچىلاردىن تەشكىل قىلغان بۇ قان ئىچەر گۇرۇھقا ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بولدى. ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشقان ئوقۇغۇچىلار جاۋابكار سۈپىتىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئەتەي قايغۇلۇق قىياپەتكە كىرىۋالغان ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇرغاندەك تۇرقى بىلەن خۇددى سوراق سەھنىسىدە تۇرغان

قاتىللارغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى . مەھمۇد بوھى توختىماي يىغىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى سۈرتەتتى ، ئەلى فەتھى قولىغا قولياغلىقىنى ئېلىۋېلىپ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلايتتى . ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى كىشىگە كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلۇۋېتىپتۇ ، دېگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى . بەزى ئوقۇغۇچىلار قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى ئېتىۋېلىپ ھەدەپ كۈلۈشەتتى ، يەنە بەزىلىرى خۇددى خىجىلچىلىقتا قاتتىق پۇشايمان يەۋاتقاندەك يەردىن بېشىنى ئالماي ئولتۇراتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇلار تىزلىرىغا قويۇۋالغان دراما ژۇرناللىرى ياكى مۇھەببەت كىتابلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشاتتى .

شەيخ ئەبدۇررەئۇپ «دەپنە مۇراسىمى»دا سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى :

— سىلەرنىڭ شىبۋى[1] بىلەن چوقۇم ئاداۋىتىڭلار بار يا بولمىسا ئەبۇئەسۋەت[2] سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن ، بولمىسا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار نېمدەپ سۈپەت Kana نىڭ ھەمشىرە سۆزلىرىنى بىلمەيسىلەر ؟ !...

— بىز تېخى كىچىك ، ئۇ قىزلار بىلەن تونۇشمايمىز ، — دېدى ئىبراھىم مۇناستىرلى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ .

ئىبراھىم مۇناستىرلىنىڭ بۇ چاقچىقى ئەبدۇررەئۇپنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى .

— ھازىر چاقچاق قىلىدىغان چاغ ئەمەس ، — دېدى ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ، — بىز ھازىر سىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىڭلار ئۈچۈن تەبرىكلەش مۇراسىمى ئەمەس ، ئەكسىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز . سىلەر ئەرەب يېزىقىنى خۇددى پەرەڭلەردەك سولدىن ئوڭغا يېزىپسىلەر . تاپشۇرۇق دەپتىرىڭلارنى كۆرگەن ئادەم چوڭ كوچىدا بىرەر سەت ئىش قىلىپ قويغاندەك قاتتىق نومۇس

① شىبۋى — (تەخمىنەن 796 - يىلى تۇغۇلغان ) ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىنىڭ بەشرە ئىلمى ئېقىمىدىكىلەرنىڭ داھىيسى .
② ئەبۇئەسۋەت (605 — 688 ) ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى .

قىلىدۇ . دەپتىرىڭلار ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىغا قىلغان ھاقارەت ۋە جىنايەت بىلەن توشقان .

— خۇداغا شۈكۈر ، ھېلىمۇ ئەرەب تىلىنىڭ يېشى ئون تۆتتىن ئېشىپتۇ ، بولمىسا نارەسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلدى ، دېگەن جىنايەت بىلەن ھەپسىدە ياتار ئىكەنمىز .

— ئاغزىڭنى يۇم ، نومۇسسىز ! ئەرەب تىلى سېنىڭ ئاناڭ ، ھەدە ـ سىڭلىڭ ! — شەيخ ئەبدۇررەئۇپ ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كەتتى .

ئەلى فەتھى كۈلۈپ كېتىپ :

— مەن ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن تونۇشمەن ، — دېدى پىچىرلاپ .

مەھمۇد جەينىكى بىلەن ئەلىنى قاتتىق بىقىندۇۋىدى ، ئەلى ۋارقىراپ كەتتى . ئەبدۇررەئۇپ ئۇ ئىككىسىنىڭ جېدىلىگە قۇلاق سالماي ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى :

— ئەرەب تىلىنى ھاقارەتلەش ھەرقانداق قانۇندا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ . سىلەر بېشىڭلار قېيىپ قالغانەك ، ئىگىنى چۈشۈم كېلىش ، چۈشۈم كېلىشنى ئىگە قىلىپ قويۇپسىلەر ، ئۇنى ئاز دەپ تېخى جۈملىلىرىڭلاردىكى ئىگىلەر بىر ئۆرۈلۈپلا بېقىندى بۆلەكلەرگە ئايلىنىپ قالغان . بۇ ئەرەب تىلىغا قىلىنغان زىيانكەشلىك…

ئىبراھىم مۇناستىرلى شەيخنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلۈۋېتىپ :

— مۇئەللىم ، بىز بىر نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالدۇق ، ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسىدا ئىگە چۈشۈم كېلىش بولۇپ كېلىدۇغۇ ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوقۇغۇچىلار قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى . ئەبدۇررەئۇپ بۇ چاقچاقنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمەي ئوقۇغۇچىلارغا ۋارقىراپ كەتتى :

— مەنمۇ بىلىمەن ، ئىنگلىزچىدا ئىگە چۈشۈم كېلىش ئورنىدا



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

كېلىۋېرىدۇ، چۈنكى ئىنگلىزلارنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى ئالدامچىلىق.

ئوقۇغۇچىلار شەيخ ئەبدۇررەئۇپنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىگە قايىل بولۇپ قاتتىق چاۋاك چېلىشىپ كەتتى، ئاندىن پىخىلداپ كۈلۈشتى. چۈنكى، شەيخ ئىنگلىزچىنى پەقەتلا بىلمەيتتى، ئىنگلىزچىدىمۇ ئىگە، چۈشۈم كېلىش، بېقىندى بۆلەك دېگەندەك ئايرىملار يوق ئىدى.

شەيخ ئەبدۇررەئۇپنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ بەكرەك ۋارقىراپ كەتتى:

— سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ يېڭىلگەنلىكىڭلارغا كۈلۈۋاتامسىلەر؟ سىلەر ئۇلۇغ خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكىنىڭلار بىلەنمۇ بىكار، بەرىبىر ئەرەب تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىدىن خەۋىرىڭلار يوق. بۇ تىللارنىڭ گراماتىكىسىنى بىلىشىڭلار بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا نادانلىقتا قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتىڭلار. مەن سىلەرگە سانائەت، يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىگە ئائىت ماقالە يېزىپ كېلىشنى تاپشۇرسام، سىلەر قوپۇپ كۆرگەزمىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش زالىدىكى ئىشلارنى يېزىپسىلەر. ماقالەڭلەردە توقۇمىچىلىق سانائىتى، مىسىر بانكا بىناسى توغرۇلۇق بىرمۇ گەپ يوق، تەسۋىرلەپ كەتكىنىڭلار قانداقتۇر ئىلەڭگۈچ، قەھۋەخانىدا خۇلق چىقىرىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئۇسسۇلچى نىئمەت فەھمى.

— مەن تولغىما ئۇسسۇلنىڭ ئىلغارلىقلىرىنى يازدىم. مېنىڭچە، بۇ ئۇسسۇلنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرى بېسىشىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ، — دېدى ئەلى فەتھى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مىللەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئاياللارنىڭ ساغرىسىنى قانچە قېتىم تولغىغانلىقى بىلەن ئۆلچەيدىغان ياشلار ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئەبدۇررەئۇپ، — ياۋروپادا كىشىلەر ئايروپىلاننىڭ تېزلىكىنى ئاشۇرۇش ئۈستىدە

مۇلاھىزە قىلىشسا، بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇسسۇلچى نىئمەتنىڭ ساغرىسىنى قانداق تولغىغانلىقى ئۇستىدە مۇلاھىزە قىلىشىدۇ. بۇ ئاخىرقى زاماننىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ؟ قىيامەت قايىم بولىدىغانغا ئۇزۇن قالمىدى. سىلەر سانائەت، يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىنى كېچىلىك ئولتۇرۇشلار قاتارىدا كۆرگەن. مىسىرنىڭ تۇنجى ئۇچقۇچىسى مۇھەممەد سىدقى ياۋروپادىن دۆلىتىمىزگە ھەيدەپ كەلگەن ئايروپىلانغا دىققەت قىلماي، ئەكسىچە نىئمەت فەھمىنىڭ قورسىقىدىكى مەڭگە دىققەت قىپسىلەر. ئايال كىشىنىڭ يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا قورسىقىنى ئېچىپ يۇرۇشى ئۇچىغا چىققان نومۇسسىزلىق! ئۇنىڭ قورسىقىدىكى مەڭ بازارغا سالغۇدەك گۈزەل نەرسە ئەمەس، ئەكسىچە يېپىپ يۇرۇشكە تېگىشلىك نامەھرەم نەرسە.

— ئۇ مەڭ ئۇنىڭ قورسىقىدا شۇنچىلىك چىرايلىق كۆرۈنىدۇغۇ ئەمىسە، — دېدى مەھمۇد بوھى كۈلۈپ.

ئەبدۇررەئۇپنىڭ جۇدۇنى تېخىمۇ تۇتتى:

— ئەرەب تىلىدا خاساناي دېگەن سۆز يوق، شۇڭا ئۇنداق مەڭنى «شاما»، «نادىبا»، «خال» ياكى «ۋاسما» دەپ ئاتاش كېرەك ئىدى. زادى نېمىدەپ ئاتىسا بولىدۇ، بۇنىڭدا شۇ مەڭنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، تۇرغان ئورنىغا قاراش كېرەك.

— نىئمەتنىڭ مېڭى كىندىكىنىڭ سەل يۇقىرىسىغا جايلاشقان، — دېدى ئەلى فەتھى.

— ياق، كىندىكىنىڭ ئاستىدا، — دېدى ئىبراھىم مۇناستىرلى ئەلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

مەھمۇد بوھى قولىدىكى سىزغۇچنى پۇلاڭلىتىپ:

— ھەممىڭلارنىڭ خاتا. مەن ئۆلچەپ باققان. ئۇ مەڭ ئۇنىڭ كىندىكىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى يەتتە يېرىم سانتىمېتىر كېلىدىغان يېرىدە، — دېدى.

شەيخ ئەبدۇررەئۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇسسىز قىلىقلىرىغا

قاتتىق غەزىپى كېلىپ ، قاتتىق كايىپ كەتتى :

— سەنلەرنىڭ ئاشۇ نىئمەتلىرىنىڭنى خۇدا ئۇرسۇن ! بولدى ، ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭلار ، مېنى ، كىندىكلىرى قۇرۇسۇن ! بىزنىڭ دەرسىمىزنىڭ مەزمۇنى بۇ ئەمەس . سىلەر نىئمەتنىڭ قورسىقىنىڭ گېپىنى قىلىپ مېنى ئازدۇردۇڭلار ، مەن سۆزلىمەكچى بولغان نەرسەمنى ئۇنتۇدۇم . تاپشۇرۇق دەپتىرىڭلاردا پاختا تېرىشتىكى كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ يوق ، سېرىك ئۆمىكىدىكى چەۋەنداز قىزنىڭ ئاپئاق يوتىسىنى تەسۋىرلەپ كېتىپسىلەر ؛ كۆرگەزمىدىكى زامانىۋى ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەشلىرىدىن ئالغان تەسىراتىڭلاردىن قىلچىمۇ يازماي ، ئەكسىچە ناخشىچى لەتىفە ئەھمەدنىڭ چاكىنا ناخشىلىرىنى ماختاپ كېتىپسىلەر .

شەيخنىڭ لەتىفە ئەھمەدنىڭ ناخشىلىرىنى چاكىنا ناخشىلار ، دەپ ئاتىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ ، سىنىپ ئىچىدە چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى . تۆۋەندىكى خەلق ناخشىسىنى يەڭگىللىك بىلەن قانداقمۇ چاكىنا ناخشا دېگىلى بولسۇن :

شوخ دەريادا كۆلەر بۇژغۇن ۋىلىقلاپ ،
مەن كوزامغا سۇزۇك سۇنى ئالغاندا .
باغدا چىقىپ دەرەخلەرگە ، سېۋەتكە ،
ئۈزۈپ شاپتۇل ، ئۈزۈملەرنى سالغاندا .
ئېھ ئامرىقىم ، خالامسەنكى مەن بىلەن ،
ئوينىششىنى سۇلار كېچىپ دەريادا .

بۇ ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىشلىتىلگەن لىرىكىلىق خەلق ناخشىسى ئىدى . ناخشىغا شېرىن - شەربەت شاپتۇل ، ئۈزۈملەر قېتىلغانىدى . ھېسسىياتچان قىز قىزغىن سۆيۈشۈشلەرنى تىلغا ئالماي ، ئۆز يارىنى ئاشۇ شاپتۇل - ئۈزۈملەردىن ئېغىز

تېگىشكە چاقىراتتى . مەھمۇد بوھى تاپشۇرۇق دەپتىرىگە خۇددى مۇتەنەببى[1] ياكى ئەبۇلئەلائىلمۇئەررى[2] نىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنى يېزىۋالغاندەك يېزىۋالغان لەتىفە ئەھمەدنىڭ ناخشىلىرىدىكى ئايرىم چاكىنا مىسرالار يۇقىرىدىكى ناخشا بىلەن زادى يېقىن كەلمەيتتى .

شەيخ ئەبدۇررەئۇپ مەھمۇد بوھىنىڭ دەپتىرىنى ئېچىپ ، ئۇنىڭدىكى لەتىفەنىڭ مۇنداق بىر كۇپلېت ناخشىسىنى ئوقۇدى :

سەن كۆرۈنسەڭ دېرىزەڭنىڭ تۈۋىدە ،
ئويناپ كېتەر يۈرەك ـ قەلبىم شادلىنىپ .
ئەي دېرىزە ، تىلىكىم شۇ سېنىڭدىن ،
تۇرساڭ ماڭا دائىم قىيا ئېچىلىپ .

ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارسىز چۇرقىرىشىپ كەتتى :

— پاھ ! يەنە بىر ئوقۇسىڭىزچۇ ، يەنە بىر ئوقۇسىڭىزچۇ ! كارامەت ئىكەنغۇ !

ئەبدۇررەئۇپ مەھمۇدنىڭ دەپتىرىدىكى لەتىفەنىڭ يەنە ئىككى مىسرا ناخشا تېكىستىنى ئوقۇدى :

ۋادەرىخا ، سالدى دىلغا نادامەت ،
شۇ يوقالغان ، مەغلۇپ بولغان مۇھەببەت .

— تاپشۇرۇق دەپتىرىگىمۇ مۇشۇنداق يارىماس نەرسىلەرنى يازامدۇ ؟ ئۇ يا شېئىر ، يا نەسر ئەمەس بىر نەرسىغۇ . ئۇنىڭ بەدىئىيلىكى بىلەن تەسەۋۋۇرىدىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ، تامامەن تېتىقسىز گەپلەر . ئۇ تېكىستتە نە يارقىنلىق ، نە گۈزەللىك بولسۇن ، سۆزلىرىمۇ قولاشمايدۇ ، تامامەن چاكىنا ، نومۇسسىز گەپلەر . بىر قىزغا كۆيگەن ، ئەمما قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بىر يىگىتنى لەتىفە : «ۋادەرىخا ، سالدى دىلغا

[1] مۇتەنەببى (915 — 965 ) مەشھۇر ئەرەب شائىرى . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋى پىكىرلەر نۇرغۇن .

[2] ئەبۇلئەلائىلمۇئەررى (973 — 1057 ) مەشھۇر ئەرەب ئەمالار ئەدەبىياتىنىڭ پىرى .

نــادامــەت» دەيدۇ. بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ بۇ، ساپ مۇھەببەتنى كــەمــســتــكەنلىك؛ ئالىيجاناب، پاك ئەخلاقنى سۇندۇرغانلىق؛ جەمەئىل بىلەن بوسەينانىڭ، قەيس بىلەن لەيلىنىڭ، ئۆمەربىننى ئــەبىرەبىئە بىلەن مەسۇم قىزنىڭ ئالىيجاناب مۇھەببىتىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق. لەتىفەنىڭ: «ۋادەرىخا، سالدى دىلغا نادامەت، شۇ يوقالغان، مەغلۇپ بولغان مۇھەببەت» دېيىشى ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكتىن باشقا نېمە؟

ئــىــبــراھىم مۇناستىرلى ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى سەبىي باللاردەك بىر قىياپەتتە شۇنداق دېدى:

— مۇئەللىم، توغرا ئېيتتىڭىز، شائىر: «ۋادەرىخا، سالدى دىــلــغا نــادامــەت، شــۇ يوقالغان، مەغلۇپ بولغان مۇھەببەت» دېمەسلىكى، ئەكسىچە: «ئاھ، قانداق قىلاي، قېرىدىم، كاردىن چىقتىم» دېيىشى كېرەك.

ئــوقــۇغۇچىلار بۇ گەپكە تورۇسنى ئېچىۋەتكۇدەك دەرىجىدە قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى. سەۋەبى ئوقۇغۇچىلار بىرنەچچە قېتىملىق دەرستە شەيخنىڭ: «كاردىن چىقتىم، قېرىدىم، ھەممىلا ئىشتا ئىلگىرىكىدەك ئەمەس» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدى.

شــەيخ ئــەبــدۇررەئۇپ ئىبراھىم مۇناستىرلىنىڭ ئۆزىنىڭ يېغىرىغا تەگكۈزۈپ ئېيتقان بۇ گېپىگە قەستەن ئېرەن قىلمىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم مۇشۇنداق گەپنى قىلغان بولسا، شــەيخ ئۇ بالىغا قاتتىق چىچىلىپ ئۇنى ئۆلگۇدەك دۇمبالىغان، ئاندىن يەنە ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، تاغىلىرىغا، ھامىلىرىغا ئەرز ـ داد ئېيتقان بولاتتى. ئىبراھىم مۇناستىرلى پادىشاھ فۇئاد جــانــابــلىــرىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى سەمىر مۇناستىرلى پاشانىڭ بەگزادىسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمىدى، چۈنكى ھەربىي ئەمەلدار تۇرماق، ئوردىدىكى ئاددىي بىر خىزمەتكارنىڭ بىر ئېغىز گــېپى بىلەنمۇ ئەبدۇررەئۇپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىدىن بــاشــلانــغۇچ مەكتەپ ھەتتا باللار باغچىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئوتتۇرا

مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشى مائارىپ مىنىستىرىنىڭ رەھىمدىللىكى ، ئۇنىڭ ھۆكۈمەت مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقىنىغا ئوتتۇز يىلدىن ئاشقانلىقى ھەم ئۇنىڭ يەتتە بالىسى سەۋەب بولغان ، بولمىسا ئۇ ئاللىبۇرۇن خىزمىتىدىن ئايرىلىپ ئۆيىدە ياتقان بولاتتى . شۇڭا ئۇ ئۆزىگە پايدىسىز ئىشقا يولۇققاندا قولىقىنى يوپۇرۇۋالاتتى . ئۇ بوگۈنمۇ ئۆزىنى مازاق قىلىپ ئېيتىلغان بايامقى گەپنى ئاڭلىمىغان ، ئالدىدا تۇرغان ئىبراھىم مۇناستىرلىغا دىققەت قىلمىغان بولۇۋېلىپ ، قولىدىكى يەنە بىر دەپتەرنى ۋاراقلاشقا باشلىدى ، سىنىپتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلارمۇ ئاخىر بېسىلدى .

شەيخ ئەبدۇررەئۇپ ئوقۇغۇچىلارنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئاندىن :

— قىرىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر ئوقۇغۇچى تاپشۇرۇقنى قانداق ئىشلەشنى بىلگەن ، — دېدى .

— ئۇ ئەلۋەتتە ئىبراھىم مۇناستىرلى ، — دېدى بەزى كەپسىز ئوقۇغۇچىلار .

ئەبدۇررەئۇپ بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىۋاتىسىز ، دەپ ئەيىبلەۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى :

— ئىچىڭلاردا بىرلا ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇقىدا گىراماتىكا خاتالىقى يوق ، مەزمۇنىمۇ قالايمىقان ئەمەس ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىنى قانداق تەسۋىرلەشنى بىلگەن . ئۇ مىسىر بانكىلىرىنى يېزىپتۇ ، بۇ بانكىلارنىڭ مىسىرنىڭ ئىقتىسادىغا بولغان رولى ئۈستىدە توختىلىپتۇ . دەمەخلى شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ماختاپتۇ ، بىر كۈنلەردە بارلىق مىسىرلىقلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى ئىشلەپ چىققان كىيىملەرنى كىيىشىنى ئارزۇ قىپتۇ . ئۇ ، بېلىقچىلىق شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ : «ئېلىمىزنىڭ دېڭىزغا تۇتاش جايلىرى ئىنتايىن ئۇزۇن ، بىز بۇ يەرلەردە زور بېلىقچىلىق ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى سانائىتىنى بەرپا قىلالايمىز» دەپتۇ ؛ چىگىت ئايرىش شىركىتى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com